# ئۆتكۈچى مۇھەببەت

**(ھېكايە)**

ئىززەت غوجا ئابدۇللا

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# مۇھەببەت

رابىيە بىلەن ئايگۈل يېقىن دوستلاردىن ئىدى، ئۇلار كۈندە دىگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر-بىرىگە دەپ بىرەتتى، يېقىندىن بۇيان ئايگۈل بازاردا ئانىسى ئېچىۋاتقان دۇكانغا ياردەملىشىپ كۈندە دۇكاننىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولىسمۇ لىكىن يەنىلا كەچ تەرەپلەردە رابىيەنىڭ ئۆيىگە كىلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئەمما رابىيە ئايگۈلنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ھىس قىلغان ئىدى، رابىيە ئايگۈلنى دۇكان قوشنىسى ئەلى بىلەن يۈرىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىۋاتاتتى، چۈنكى ئەلى ئايالى ھەم ئىككى بالىسى بار توي قىلىپ بولغان ئەر ئىدى.

رابىيە بىر نەچچە قېتىم بۇ توغۇرلۇق ئايگۈل بىلەن پاراڭلىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ لىكىن يەنىلا توختاپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ يۈرىۋاتقانلىقىغا پەقەتلا گۇمان بىلەن قارايتتى، ئىنىق بىلمەيتتى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كيىن رابىيە ئۇلارنىڭ يۈرىۋاتقانلىقىنى رەسمى بىلدى، لىكىن يەنىلا ئايگۈلغا بۇ توغۇرلۇق گەپ قىلمىدى، چۈنكى ئايگۈل رابىيەدىن قېچىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن رابىيەمۇ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنى ئويلىدى، چۈنكى ئۇ "ئايگۈلمۇ كىچىك بالا ئەمەس، نىمىنىڭ توغرا-خاتانى ئۆزى ئايرىيالايدۇ، يەنە كىلىپ ئۇ مەندىن يوشۇرىۋاتقان" دەپ ئويلىدى.

بىر كۈنى سىرتتا سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، رابىيە ياتاق ئۆيىدە كىتاب ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىزلا ئايگۈل ئۇنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇنىڭ چرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

- ئاداش، كىتاپنى قويۇپ تىز كيىملىرىڭنى ئالماشتۇرغىن، بىر يەرگە بېرىپ كىلەيلى.

- نىمە بولدى، نىمگە ئالدىرايسەن، نەگە بارىمىز، نىمە ئىشلىقىنى دىمەمسەن؟

- ۋايجان، نىمانچە تولا سوئال بۇم قايسىغا جاۋاپ بىرىمەن.

- ھەممىگە جاۋاپ بىرىسەندە.

- جاۋاپ بىرەي، لىكىن ھازىر ئەمەس، تىز كيىمىڭنى ئالماشتۇرغىن. مۇھىم ئىش ئىدى، بىللە بېرىشىپ بەرگىن.

- نەدە بارىدىغىنىمىزنى دىمىسەڭ بارمايمەن، دىگىنە نەگە بارىمىز.

ئايگۈل بىر ئىشتىن خجالەت بولغاندەك بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كيىن تەسلىكتە دىدى.

ــ سـەندىن بىر ئىشـنى يوشـۇرغان ئىدىم، مەن ئەلى بىلەن يورىۋاتقان، ئەمما ھازىر خاتا قىلغىنىمنى ھىس قىلىپ ئۇنىڭغا ئايرىلىپ كىتەيلى دىســەم پەقەت قوشــۇلمىدى، مىنى ياخشــى كۆرىدىغانلىقىنى، ئايالىدىن ئاجرىشىپ كىتىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ.

ــ ھە، ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

ــ بايا ئۇنىڭ بىلەن تېلفۇندا كۆرۈشكەن ئىدىم، ئۆزىنى ناھىيەدە دەيدۇ، لىكىن بىر سىدىن ئاڭلىشىمچە ئۇ بىر ئولتۇرۇشتا ئىكەن، شۇڭا مەن شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ قويۇپ چىكەتسەم ئۇ چوقۇم كەينىمدىن چىقىدۇ، شــــۇ چاغدا ئۇنىڭغا، ماڭا گەپ قىلدىڭىز، مىنى ئالدىدىڭىز دىگەننى باھانە قىلىپ ئايرىلىپ كىتىشنى ئويلاۋاتىمەن.

ــ ھەممىنى ئويلاپ بوپسەنغۇ، مەن قانداق ياردەم قىلىمەن.

ــ سەن شۇ يەرگە بېرىشىپ بەرسەڭلا بولىدۇ ئاداش. ئىچىگە ئۆزۈم يالغۇز كىرىمەن.

ــ بەك ئاددى ئويلاپ قالدىڭمۇ قانداق، سىنىڭچە ئۇ شۇ گىپىڭگە سەندىن ئايرىلىپ كىتەرمۇ؟ ئايرىلمايمەن دەپ يەنە چىڭ تۇرىسچۇ؟

ــ مەنمۇ ئايرىلمەن دەپ چىڭ تۇرىمەن، ئۇمۇ ئامالسىز قالىدۇ.

ــ بوپتۇ ئەمىسە بېرىشىپ بىرەي.

ئايگۈل يەنە ھەيران بولغان ھالدا رابىيەدىن سورىدى.

ــ ئەجەپ ماڭا ئاچچىقلانمايسەنغۇ؟ مەن تېخى سىنى ئەلى بىلەن يورىۋاتقانلىقىمنى بىلسە، دەسلەپ ھەيران قېلىپ كىيىن ئاچچىقلىنىپ كىتەمدىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم.

ــ نىمىشــقا ئاچچىقلىناتتىم، مەن بۇرۇنلا بىلىپ بولغان، دەســلەپ بىلگەندە راســتىنلا ئاچچىقىم كەلگەن، لىكىن ســىنى خاتا قىلغىننى ھىس قىلغاندا بۇ يولدىن يانىدۇ دەپ ئويلاپ گەپ قىلمىغانتىم. ئويلىغىنىمدەك بولدى، شۇڭا ئاچچىقلىنىشنىڭ نە ھاجىتى ئاداش.

ــ مىنى يەنىلا سەن چۈشىنىسەن جۇمۇ ئاداش

رابىيە بىلەن ئايگۈل ئەلىنى بار دەپ ئويلىغان يەرگە كەلدى، لىكىن ئەلى ئۇ يەردە يوق بولۇپ چىققان ئىدى، شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىم ئايگۈلنىڭ ئەلىدىن ئايرىلىش خىيالى يوققا چىققان ئىدى.

شــــۇ كۈنى ئايگۈل رابىيە ئەلى بىلەن يورۇپ قېلىش جەريانلىرىنى ســــۆزلەپ بەردى، رابىيەمۇ ئايگۈلنى ئەلىدىن چوقۇم ئايرىلىپ كىتىش توغۇرلۇق جىق گەپ قىلدى.

رابىيە دوستىغا بىر قانچە قېتىم ئەلىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى دىگەن بولسىمۇ ئايگۈل ئىنىق بىر نەرسە دىمەيۋاتاتتى.

بىر كۈنى رابىيە ئايگۈلغا يەنە بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلدى.

- ئايگۈل، ئەلى بىلەن قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتمەكچىسەن؟

- بىلمەيمەن، مەن ئۇنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

- نىمە؟ نىمە دەۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ ئۇ ئايالى ھەم باللىرى بار ئادەم.

- ئۇنى بىلىمەن، لىكىن مەن ئۇنى را ستىنلا ياخ شى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئايالىمدىن ئاجرىشىپ سىز بىلەن توي قىلىمەن دەيدۇ ◦

- ئۇنداقتا سەن نىمە دىيىسەن. قانداق قىلماقچى بولىۋاتىسەن؟

ئايگۈل بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كىيىن تۆلىمۇ تەسلىكتە دىدى.

- ئۇ ئاجرىشىپ بولغىچە ئۇنى ساقلايمەن، ئۇندىن كىيىن توي قىلىمىز.

- ھە!؟ ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئايالى، باللىرى قانداق قىلىدۇ، ئۇلارنى ئويلىمىدىڭمۇ؟

رابىيەنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا، دىگەن گەپلىرىگە ئايگۈل پەقەت سۈكۈت قىلىپلا تۇراتتى.

ئايگۈلدىن پەقەت گەپ ئالالمىغان ئاچچىقلاپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن كەتمەكچى بولدى، شۇ ۋاقىتتىلا ئايگۈل ئۇنىڭغا ۋارقىراپ تۇرۇپ دىدى.

- ئەجىبا سەن **مۇھەببەت**نى چۈشىنەمسەن؟ **مۇھەببەت**نىڭ نىملىكىنى بىلەمسەن، ئەگەر سەنمۇ بىر سىنى ياخشى كۆرۈپ باققان بولساڭ ماڭا بۇنچە ئاچچىقلانمىغان بولاتتىڭ، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن.

- ئۇنداقتا سەن **مۇھەببەت**نى چۈشەنگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋەيران قىلىپ، بىر ئايالنى زار يىغلىتىپ، ئىككى بالىنى يىتىملىك كوچىسىغا تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاي دەۋاتامسەن، مەن بۇنداق شەخسىيەتچى **مۇھەببەت**نى چۈشەنمەيمەن.

- بۇنى ئايالى ئۆزىدىن كۆرسۇن، ئۆيدە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، ئىللىق چىراي ئاچمايدىكەن، ھېرىپ-ئېچىپ بارغىنىدا بىر پىيالە ئىسسىق چېيى يوقكەن.

ـ سەن ئۇنى قانداق بىلىسەن، ئەلى نىمە دېسە ئىشىنەمسەن. كاللاڭنى سىلكىۋەت ئاداش، باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلما، سەبىلەر يېتىم بولمىسۇن، ئويلاپراق ئىش قىلغىن.

ـ مەن ئويلىنىپ بولدۇم، تۇلا مىنىڭ ئالدىمدا ئاتىكارچىلىق قىلما، مەنمۇ كىچىك بالا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا ئۆزۈم مەسئۇل بۇلالايمەن.

رابىيە ئايگۈلنىڭ ئۆزىگە بۇنداق دىيىشىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بىر هازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كىيىن ئۇ يەردىن كىتىپ قالدى .

رابىيە ئۆيىگە كەلگەندىن كىيىن ئايگۈلنىڭ دىگەن گەپلىرىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا ئايگۈلدىن تېلفۇن كەلدى. ئۇ ئىككىلەنگەن هالدا تېلفۇننى ئالدى.

ـ بەك رەنجىپ كەتتىڭمۇ ئاداش.

ـ ئۇنداق ئەمەس، سىنىڭ گەپلىرىڭنى ئويلاۋاتىمەن، بەك شەخسىيەتچى بوپ كىتىپسەن.

ـ **مۇھەببەت** ئادەمنى شۇنداق قىلىپ قويىدىكەن، مىنىڭمۇ ئۇنداق قىلغۇم يوق.

ـ قارار قىلىپ بولدۇڭما؟

ـ هەئە، ئۇ ئايالىدىن ئاجراشماقچى بولدى.

ـ ئۆيدىكىلىرىڭ قوشۇلامدۇ؟ ئۇلار قوشۇلسىمۇ بەختلىك بۇلالامسەن؟ مەھەللىدىكىلەر نىمە دەيدۇ؟

ـ ئۇ تەرەپلەرنىمۇ ئويلاشتۇق، كىشىلەر كەينىمىزدىن كۆپ گەپ تېپىپ كەتسە باشقا يۇرتقا بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇق، ئىشقىلىپ ئەلنىڭ قولىدىن كۆپ ئىش كىلىدۇ، ئىقتىسادىمۇ بار، قىينىلىپ قالمايمىز.

ـ بەك ئاددى ئويلاپ قاپسەن، ئاناڭ قانداق قىلىدۇ، مەھەللىدە گەپ ـ سۆز بولسا ئۆيدىكىلەرگە سەت بولىدۇ.

ـ ياخشىراق ئويلانغىن ئاداش، مەھەللىدە گەپ ـ سۆز بولىدۇ. ئۆيدىكىلىرىڭنى ئويلا، مۇشۇنداقلا مېڭىۋەرسەڭ هەرگىز بەختلىك بۇلالمايسەن.

ـ بولدى، ماڭا نەسىھەت قىلمىغىن، سەن دىگەن گەپلەرنى مەنمۇ بۇرۇن ئويلىغان، لىكىن مەن راستىنلا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن. ئۇنىڭ يېنىدا بولسام دەيمەن، باشقىسىنى ئويلىغۇدەك هالدا ئەمەسمەن.

ـ ئۇنداقلا ئاخىرى قانداقلا بولسا مەيلىمۇ؟ ئاناڭنى ئويلىمامسەن. سىنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە ئاز جاپا تارتتىمۇ؟

ـ بۈرۈن ھىس قىلماپتىكەنمەن، بەك كوت ـ كوت بوپ قاپسەن ھە ئاداش. نىمانچە تولا گەپ بۇ.

ـ بوپتۇ ئەمىسە، ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىل. سەنمۇ كىچىك بالا ئەمەس، مۇشۇنداق مېڭىۋەرسەڭ بۇ ئىشنىڭ داۋامى سىنىڭ كۆز يېشىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. خوش ئەمىسە. كېيىنچە يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيان رابىيە بىلەن ئايگۈل كۆرۈشمەيۋاتاتتى، ئۈچرىشىپ قالسىمۇ سۇسلا سالاملىشىپ ئۆتۈپ كىتىدىغان بولدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ئەلى رابىيەگە تېلفۇن قىلىپ قالدى، رابىيە تېلفۇن ئىكرانىدا ئۇنىڭ نۇمۇرىنى كۆرگەندىن كېيىن تېترىقاش ئىچىدە تېلفۇننى قوبۇل قىلدى.

ـ رابىيە سىز بىلەن پاراڭلىشاي دىگەن.

ـ نىمە توغۇرلۇق؟

ـ ئايگۈلغا بەك قاتتىق گەپ قىلىپسىز، نىمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟

ـ مىنى سوراقلاپ تېلفۇن قىلغانمىدىڭىز؟ مەن ئۇنى دوستۇم دەپ بىلگەچكە ئەسكەرتىپ قويدۇم.

ـ نىمانچە قارشىلىق قىلىسىز. ئەجىبا ئۇ مەن بىلەن ئۆتسە بەختلىك بولالماسمۇ؟

ـ ئەلۋەتتە بەختلىك بولالمايدۇ.

ـ نىمىشقا ئۇنچە كىسىپلا دەۋېتىسىز؟

ـ باشقىلار بەختى، كۆز يېشى بەدىلىگە كەلگەن بەختنى بەخت دىگىلى بولاتتىمۇ؟ بىر ئائىلىنى بۇزۇپ قۇرغان ئائىلە قانچىلىك بەختلىك بولالايتتى.

ـ بىر ئائىلە بۇزۇلغان بىلەن بىز يەنە ئىللىق بىر ئائىلە قۇرىمىز.

ـ كېيىن قۇرغان ئائىلە بىلەن بۇرۇن قۇرغان ئائىلە ئوخشامدۇ؟ نىمىشقا سىزمۇ ئائىلىڭىزنى، باللىرىڭىزنى ئويلىمايسىز. ئايالىڭىزمۇ بىر چاغلاردا ئايگۈلغا ئوخشاش، چىرايلىق، جەزبىدار، ھەرقانداق ئەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك قىز بولغۇيدى. ئەمدى ئايگۈل كۆزىڭىزگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ ئايالىڭىزدىن چېنىۋاتامسىز؟

ـ ئايالىڭىز بىلەن ئايگۈلنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنى سېلىشتۇرماڭ، ئايالىڭىزنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز ئىككى ئوغلىڭىزغا قاراڭ، شۇ ئۇماق پەرزەنتىڭىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چىرايلىق، ئۇماق چوڭ بۇلىۋاتقانلىقى ئايالىڭىزنىڭ ئەجرى، سىزنىڭمۇ قارىماققا ئايالىڭىزدىن ياش كۆرۈنىشىڭىز بۇمۇ ئايالىڭىزنىڭ ئەجرى، ئايالىڭىز ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالغاچقا، ھەر ۋاقىت سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىشىنى، باللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويغاچقا ئۆزى تۈزۈكرەك ياسىنىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولىشى مۇمكىن، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭدىن چېنىۋاتامسىز؟

- گەپ قىلمايسىزغۇ؟

- ئاڭلاۋاتامسىز؟

- ئايگۈل بىلەن يېشىڭلار قانچىلىك پەرقلىنىدۇ.

- ئىككى ئاي، نىمە بولدى.

- بىر-بىرىڭلارغا مىجەزىڭلار پەقەت ئوخشىمايدىكەن. دىگەن گەپلىرىڭىزنى چۈقۇم ياخشى ئويلىنىمەن.

ۋاقىت بىر خىل رىتىمدا ئۆتىۋاتاتتى. بىر كۈنى رابىيە چوڭ ئاكىســــىنىڭ ئۆيىگە چىققان ئىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئەلىمۇ شــۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۇ يەردە پەقەت مىھمانلاردەكلا ســالاملىشــىپ قويىدى، رابىيەمۇ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇزاق ئولتۇرمايلا يېنىپ كىردى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كىيىن ئۇنىڭغا يەنە ئەلىدىن تېلفۇن كەلدى.

- سىز ئەسلىدە رۇسۇل ئاخۇننىڭ سىڭلىسىكەندە.

- ھەئە، سىز تېخىچە بىلمەمتىڭىز؟

- بايا بىلدىم، سىز دە سلەپ ئۇ يەرگە كىرگەندە ھەيران قالغان ئىدىم. ئۇنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەندىن كيىن بىر ئىشنى بىلگەندەك بولدۇم.

- نىمىنى؟

- سىزنىڭ نىمانچە ئۇرۇنلۇق گەپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى. ئاكىڭىزنىلا تارتىپسىز. بەلكىم شۇنداق بىر ئاكىنىڭ تەربىيسىدە بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن بەزى قىزلاردىن پەرقلىق چوڭ بولغانسىز.

- ئايگۈل بىلەن بولغان ئىشىڭلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچىسىز؟ ياكى بۇرۇنقىدەك يۈرىۋېرەمسىلەر؟

- ياق، مەن بۇرۇندىنلا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشــــىنى ئويلاپ باقمىغان، پەقەت ئۇ كۈندە كۆز ئالدىمدا بولغاچقىلا.........................

- ئەمدى ئۇنىڭغا گەپنى ئۈچۈق قىلىۋېتىمەن. قايســـى كۈنى گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئا يالىم ئا لدىدا كەچۈرگۈســـىز گۇناھ ئۆتكۈزۈكەنلىكىمنى ھىس قىلدىم. شــۇندىن بۇيانمۇ ئايگۈل بىلەن ئۇنچە كۆرۈشــمەس بولغانتىم.

- ھازىرچۇ؟

ـ ئەمدى گەپنى ئىنىق دەۋىتەي، بەك بولمىسا دۇكاننى بىر مەزگىل ئاياللىم ئېچىپ تۇرسا، مەن ئۇ يەر بۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ كېلەرمەن.

ـ ئۇنداقتا ئايگۈل..................

ـ بەلكىم ئۇ بىر مەزگىل ئازاپلىنىپ يۈرىشى مۇمكىن، ئۇندىن كېيىن ئىشلار چوقۇم ياخشى بوپ كېتىدۇ.

ـ بەك ياخشى ئويلاپسىز.

ـ رەخمەت سىزگە. مىنى ئويغىتىپ قويدىڭىز.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن رابىيە، ئايگۈلنىڭ ئۆزىگە يازغان قىسقا ئۇچۇرىنى كۆردى، ئايگۈل ئۆزىنىڭ بەك ئازاپلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى يازغان ئىدى.

رابىيە ئۆيدىكى ئىشلىرىنى قويۇپ دوستىغا تەسەللى بىرىش، پاراڭلىشىپ كېلىش مەقسىتىدە دوستىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

يانغىن ئېلكىتابلىرى

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن، ***oqugin***

www.yanghin.net www.yanghin.cn

kitab@yanghin.net admin@yanghin.net